Uyghur

# مۇلازىمەت ئوبيېكتى ئۈچۈن ئۇچۇرلار



يېڭى جەنۇبىي ۋېلس شىتاتىنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي
زىيانكەشلىكتىن قۇتۇلۇپ قالغۇچىلارغا ياردەم قىلىش ۋە
ئۇلارنى ساقايتىش مۇلازىمىتى
(STARTTS)

## STARTTS ھەققىدە

STARTTS بولسا 1988 – يىلى تىزىمغا ئېلىنغان، پايدا ئالمايدىغان ئورگان بولۇپ، كىشىلەرنى جامائەتكە ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق، مەدەنىيەتكە ئالاقىدار بولغان پىسخىك داۋالاش ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ھەر قايسى جامائەت ۋە ئۇلارنىڭ ئەزالىرىنىڭ كۆچمەنلىكتىن قالغان روھىي- جىسمانىي يارىلىرىنى ساقايتىپ، ئاۋستىرالىيەدە يېڭى ھاياتنى قۇرۇپ چىقىشىغا ياردەم قىلىدۇ. بۇ ئورگان يەنە كىشىلەرنى داۋالاشتا ئىجابىي مۇھىت يارىتىش ئۈچۈن، تەربىيىلەشتىن تارتىپ قانۇن- تۈزۈملەرگە ئائىت مەسلىھەت بېرىشكىچە بولغان مۇلازىمەتلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**www.startts.org.au**

---

## بىز بىلەن ئالاقىلىشىڭ

**HEAD OFFICE CARRAMAR**
152-168 The Horsley Drive
Carramar NSW 2163
(02) 9646 6700 (Reception) | (02) 9646 6800 (Referrals)

**OTHER OFFICE LOCATIONS**

| | | |
|---|---|---|
| Albury | Armidale | Auburn |
| Blacktown | Coffs Harbour | Fairfield |
| Liverpool | Newcastle | Wagga Wagga |
| Wollongong | | |

Go to **www.startts.org.au/contact/** for office location details.

---

STARTTS also provides counselling and other types of services at outreach locations in Sydney and across NSW such as Bankstown, Parramatta, Dee Why, Lakemba, Penrith, Campbelltown, Rockdale, Tamworth and Griffith. These locations change according to the needs of our clients. Please contact STARTTS for further information.

---

Images: © STARTTS/David Maurice Smith, Legacy Photography and Vanessa Galbraith-Marten



## STARTTS خىزمەتچىلىرى كىملەر؟

STARTTS خىزمەتچىلىرى ئۆتمۈشتە قىيىنچىلىق تارتقان كىشىلەرگە ياردەم بېرىشتە مەخسۇس تەربىيىلەنگەن، ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشكە ئىگە بولغان خادىملاردىن ئىبارەت.

---

## ئىنگلىزچىدىن باشقا تىلدىكى مۇلازىمەتنى خالىغانلار قانداق قىلىدۇ؟

STARTTS خادىملىرى ئەرەب، دارى، پارس، ھازارا ۋە تامىل تىللىرىدا سۆزلىيەلەيدۇ، زۆرۈر تېپىلغاندا كەسپىي تەرجىمانلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

---

## شەخسىي ئۇچۇرلارنىڭ مەخپىيەتلىكى ساقلىنامدۇ؟

STARTTS مۇلازىمىتى مەخپىيەتلىكنى ساقلايدۇ. ئۇچۇرلار پەقەت ئىگىسىنىڭ رۇخستى بولغان شارائىتتىلا، شۇ كىشىگە ياردىمى بولىدىغان ئىشلاردا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر مەلۇم بىرەيلەننىڭ ھاياتى ئۆزى ياكى باشقىلارنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراش ئالدىدا تۇرغان بولسا، STARTTS مۇۋاپىق تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق، مەزكۇر كىشىنى ياكى باشقىلارنى قوغدايدۇ.

---

## STARTTS كىملەرگە مۇلازىمەت قىلىدۇ؟

STARTTS   ئاۋستىرالىيەگە كېلىشتىن بۇرۇن ، زۇلۇم ، ئۇرۇش ، خورلۇق ۋە ئىنسان ھەقلىرى مۇداخىلىسىگە ئۇچرىغان ۋە شۇ سەۋەبتىن قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان كىشىلەرگە مۇلازىمەت قىلىدۇ. قاچان ۋە قانداق ئۇسۇلدا ئاۋستىرالىيەگە قەدەم باسقانلار بولۇشتىن قەتئىنەزەر ، STARTTS نىڭ ياردىمىگە ئېرىشەلەيدۇ.

## STARTTS نىڭ ياردىمىگە ئېھتىياجلىق بولۇشنىڭ سەۋەبلىرى

ئۆتمۈشتىكى مۇدھىش خاتىرىلەرنىڭ ئاسارىتى بىلەن يېڭى بىر دۆلەتتە ھايات كەچۈرۈشكە ماسلىشىش بەزىدە مۈشكۈل بىر ئىش بولۇپ ، كىشىنى چۈشكۈنلۈك ۋە ئەنسىزلىككە دۇچار قىلىدۇ ، كۈندىلىك تۇرمۇش ۋە ساغلاملىققا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

بۇلارنىڭ ئومۇملاشقان ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

- ئىنگلىزچە ئۆگىنەمەك تەس بولۇش
- ئۇيقۇسى ناچارلىشىش ۋە يامان چۈشلەرنى كۆرۈش
- ئۆتمۈشتىكى كۆڭۈلسىز ئەسلىمىلەردىن قۇتۇلالماسلىق
- باش ۋە بەدەن ئاغرىش
- ئاسان ئاچچىقلاش ۋە قورقۇش
- ئۈمىدسىز ۋە ياردەمسىز تۇيغۇدا بولۇش
- ئۆز ھاياتىنى  ئىزىغا چۈشۈرۈشكە ئاجىز ھېس قىلىش
- ئائىلە مۇناسىۋەتلىرىدىكى جىددىيچىلىكلەر
- باشقىلارغا ئىشىنىش ۋە دوستلۇق ئورنىتىشتا  قىينىلىش ، يالغۇزلۇق ھېس قىلىش

## STARTTS ياردەم قىلالامدۇ؟

STARTTS ئۆتمۈشتە باشتىن كەچۈرگەن قىيىنچىلىقلار- دىن غالىب كېلىش ۋە ئۇتۇقلۇق ھاياتقا يېتەكلەشكە ياردەم قىلىشتا كەسپىي ئورگان. بېسىملىرى ئازايغان ، تۇرمۇش ئىزىغا چۈشكەن چاغدا كىشىلەر ئاندىن ئىنگلىزچە ئۆگىنەلەيدۇ ، خىزمەت تاپالايدۇ ، ئائىلىسى خاتىرجەملىككە چۆمۈپ ، يېڭى دوستلارنى تاپالايدۇ.



## STARTTS قانداق ياردەم بېرەلەيدۇ؟

STARTTS نىڭ مەسلىھەتچىسى كىشىلەر بىلەن ئۇلاردىكى غەم – ئەندىشىلەر ھەققىدە پاراڭلىشالايدۇ ، ئۇلارنى قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىشقا ياردىمى بولىدىغان شەخس ۋە ئورگانلارغا تونۇشتۇرۇپ قويالايدۇ ۋە ئاسترالىيەدىكى تۇرمۇش ۋە خىزمەت ئۇسۇلىنى چۈشىنىۋېلىشىغا ياردەم قىلالايدۇ.

## ئەگەر مەلۇم بىر گۇرۇپپىغا قاتنىششنى خالىسىڭىز

STARTTS تا بىرگە- بىر سۆھبەتلىشىشتىن كۆرە ، گۇرۇپپا شەكلىدە ياردەمگە ئېرىششنى خالايدىغانلار ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەر خىل تىللاردىكى ئوخشىمىغان گۇرۇپپىلار بار بولۇپ ، ئادەتتە قىزىققۇچىلار سانى مەلۇم چەككە يەتسىلا بۇ گۇرۇپپىلار يۈرگۈزۈلىدۇ. بۇلار مەدەنىيەتكە ماسلىشىش گۇرۇپپىسى ، سۆھبەت گۇرۇپپىسى ، ئىجتىمائىي ياردەم گۇرۇپپىسى ، تەنتەربىيە گۇرۇپپىسى ، سەنئەت گۇرۇپپىسى ۋە ياشلار بازىسى قاتارلىق شەكىللەردە بولىدۇ.

## STARTTS قا بىرىنى تونۇشتۇرماقچى بولسىڭىز

STARTTS ھەر قايسى تەرەپ ۋە مەنبەلەردىن تونۇشتۇرۇلغانلارنى قوبۇل قىلىدۇ ، ئۆزىڭىزنى تونۇشتۇرسىڭىزمۇ بولىدۇ.

STARTTS قا ئادەم تونۇشتۇرۇش ئۇسۇللىرى:

(02) 9646 6800 تېلفون بېرىش  نومۇرغا

stts-intakegeneral@health.nsw.gov.au

كە ئېلخەت يېزىش

(تونۇشتۇرۇش خېتىنى تور بېتىمىزدىن چۈشۈرگىلى بولىدۇ.)

## تونۇشتۇرۇلغۇچى قانچىلىك ساقلىشى كېرەك؟

STARTTS مۇلازىمىتىنى ساقلىغۇچىلار كۆپ بولغىنى ئۈچۈن ، تونۇشتۇرۇلغۇچى مەسلىھەتچىنىڭ كۆرۈشمە ئۈچۈن قىلىدىغان تېلفونىنى 2-4 ھەپتىگىچە ساقلاپ قېلىشى مۇمكىن.

## كۆرۈشمە ئالماستىن كېلىۋېرىشكە بولامدۇ؟

STARTTS قا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇدۇللا كېلىۋېرىشكە بولىدۇ ، ئەمما مەخسۇس مەسلىھەت ئۈچۈن ئالدىن كۆرۈشمە ئېلىش كېرەك.

## STARTTS قا قانچىلىك ھەق تۆلەيمەن؟

STARTTS نىڭ كىشىلەرگە قىلىدىغان ياردەملىرى پۈتۈنلەي ھەقسىز.

## مۇلازىمەت ئۈچۈن ياش چەكلىمىسى قانداق؟

STARTTS كىچىكلەردىن تارتىپ چوڭلارغىچە ھەممەيلەنگە ياردەم قىلىدۇ. ئەگەر ياردەم سورىغۇچى 16 ياشتىن كىچىك بولسا ، ئاتا- ئانىسى ياكى باققۇچىسى قوشۇلغان بولۇشى كېرەك.

## مۇلازىمەت ئۈچۈن قەيەرگە بارىمىز؟

STARTTS سىدنېي ۋە يېڭى جەنۇبى ۋېلس شىتاتىدىكى تۆۋەندىكى ئورۇنلاردا مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ:

- STARTTS ئىشخانىلىرى
- STARTTS بىلەن ئالاقىدار ئورۇنلار ، مەسىلەن: مەھەللىۋى ساغلاملىق ئورۇنلىرى ۋە  تېخنىك مەكتەپلەر
- .مەكتەپلەر (ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن)